## 207972 ـ نەق پۇلنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاشنىڭ يولى

**سۇئال**

مېنىڭ ئون مىڭ رىيال مىقداردا پۇلۇم بار، بۇنىڭغا بىر يىل بولدى، بۇ پۇلغا قانچىلىك مىقداردا زاكات ئايرىيمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

نەق پۇلنىڭ زاكىتى 2.5% پىرسەنت بولىدۇ.

نەق پۇلنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاشنىڭ يولى: مىڭ رىيالدىن (1000) يىگىرمە بەش(25) رىيال ئايرىلىدۇ، ئون مىڭ رىيالغا(10000) ئىككى يۈز ئەللىك(250) رىيال زاكات كېلىدۇ.

يەنە بىر يول: ئومۇمى مەبلەغنى قىرىققا(40) بۆلسەك چىققان نەتىجە زاكاتنىڭ مىقدارى بولىدۇ.

سىز ئون مىڭ (10000) رىيالنى قىرىققا(40) بۆلسىڭىز ، نەتىجە ئىككى يۈز ئەللىك(250) بولىدۇ، بۇ قولىڭىزدىكى پۇلغا كېلىدىغان زاكاتنىڭ مىقدارىدۇر.  بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 2795 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.